# ئىسلام ۋە ئايال

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ




ئىشلىگۈچى: باھانكر786




ئاللاھ شۇنداق بىر زاتكى: ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۇنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، خوتۇنىنى (يەنى ھەۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى (سۈرە ئەئراف: 189ئايەت)




ئايال ـ ئاللاھ نۇرى الله ھەق سۇبھانى ۋەتەئالا بىرىنچى ئايال ھەۋۋانى ئەركەك يەنى ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ياراتقان.




مەن بۇ ھالەتتىن بىر ئىلاھى ھېكمەت ھېس قىلدىمكى: ئىنسان تىنىنى قوۋۇرغىسىدىن ئايرىتىپ بولمىغاندەك، ئەرنى ئايالدىن ئايرىش بەكمۇ قىيىن. ئاللاھ ئىنسانىيەت ئەۋلادىنى داۋام ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ئايالغا ئانىلىق بەختىنى ۋە ھوقۇقىنى بەرگەن. ئايال ئەر ئۈچۈن ھاياتىنىڭ ئەڭ شېرىن بىر قىسمى، شۇنداقلا بەختىنىڭ، شادلىقىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان.

قۇرئانى كەرىمدە شۇنداق دېيىلگەن: ‹‹ئاللاھ شۇنداق بىر زاتكى: ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى. (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۈنسى - ئۈلپەت بىلىشى ئۈچۈن، خوتۇنىنى (يەنى ھەۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى››

(سۈرە ئەئراف: 189ئايەت)

يەنە قۇرئانى كەرىمدە شۇنداق دېيىلگەن: ‹‹ ئۇلار (يەنى ئايالالار) سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىملەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر››(سۈرە بەقەرە 187 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)




ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى خاتەمەننەبىي مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئاياللارنى ئۇلۇغلاش ئۇنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش خوتۇن ـ قىزلار ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش جەھەتتە پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىغا شانلىق نەمۇنە تىكلەپ بەردى.ئۇ زاتتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى بىر ئەسلەپ كۆرۈڭ:‹‹ئۆز ئايالىغا مېھرى ـ شەپقەتلىك كىشىلەر ئارىڭىزدىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەردۇر››،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نىمىنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز دەپ سوراشقاندا:‹‹ئايالنى خۇشبۇي نەرسىلەرنى، ۋە نامازنى›› دەپ جاۋاب بەرگەن بۇنى بىر شائىر تۆۋەندىكىدەك چىرايلىق نەزم يازغان:

خوتۇن ـ قىزلار، خۇشبۇيلار مېھرى،

بۇ دۇنيادا دىلغا بولدى جا

كۆڭلۈم خۇشى كۆزۈم قارىسى،

## بار شادلىقىم نامازدا ئەمما.




پەيغەمبىرىمىز ئاياللىرى ھەم ئۇ زاتقا نىسبەتەن چەكسىز ھۆرمەت، ساداقەت، ئىتائەت، مۇھەببەتلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئاتىغان ئىدى.پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىرىنچى خانىمى ئۇممۇل مۇئمىنىن ھەزرىتى خەدىچەتۇل كۇبرا (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) قەبىلىسىدە ئەڭ ئابرۇيلۇق، بەدۆلەت نەسەبى ئېسىل ۋە گۈزەل ئايال ئىدى، بۇ ئاقىلە خانىم رەسۇلۇللاھنىڭ راستچىل، پاك ،ئەخلاقلىق،خۇشخۇي بىر زاتلىقىنى تونۇپ يىتىپ ئۆزى ئەلچى قويۇپ ئۇ زاتى مۇبارەككە ياتلىق بولدى،پۈتۈن بايلىقىنى،مېھىر ـ مۇھەببىتىنى،قوش قوللاپ تۇتتى،پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش يولىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە، ئازابلىرىغا، ئەرزىيەتلىرىگە شېرىك بولدى.قىيىن كۈنلەردە يېپىنچا ھەم يۆلەنچۈك بولدى، كەنجى خانىمى ئۇممۇل مۇئمىنىن ھەزرىتى ئائىشە سىددىق (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) رەسۇلۇللاھدىن ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان، سەپداشلاردىن بولۇپ

قالدى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمە، يوليورۇقلىرىنى، ۋەز نەسىھەتلىرىنى ئىسلام ئۈممىتىگە يەتكۈزۈشتە ئەڭ كۆپ خىزمەت قىلدى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ قىزى ھەزرىتى فاتىمە زەھرا (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەيىن كەبى تەۋررۈك ئىنسانلارنى تەربىيىلىگەن ئەڭ ئالىيجاناب ئايال سۈپىتىدە تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان.

# ئىسلامدا ئايالنىڭ ئورنى ۋە قەدىر قىممىتى:




مۇسۇلمان ئاياللارغا پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن مەرھەمەت قىلىنغان خۇشخەۋەرلەر ئىنتايىن كۆپ، مەسىلەن رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: ‹‹بىر ئايال ئۆز ئېرىگە ئىتائەت قىلسا ، ئاللاھ ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلسا ۋە ئاللاھ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرسە ئۇنىڭغا شەھىدنىڭ ساۋابىغا ئوخشاش ساۋاب يېزىلىدۇ.›› دەپ مەرھەمەت قىلىدۇ.




يەنە پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ باشقا بىر ھەدىس شەرىفلىرىدە: ‹‹ئۆيۈڭلارنى قىزنى شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن چىقارماي، تەربىيە قىلىپ قاتارغا قوشقان ئانا جەننەتتە مەن بىلەن بىرگە›› دېيىلگەن.

شەرىئەت ئەھكاملىرىغا كۆرە ئاياللىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى تۆۋەندىكىچە ئادا ئېتىلىشى لازىم:

1. ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش،ئۇلارغا نىسبەتەن شېرىن سۆز،مېھرىبان، مۇلايىم مۇناسىۋەتتە بولۇش،يولسىزلىق ۋە قوپاللىق قىلماسلىق كېرەك، بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم شۇنداق مەرھەمەت قىلغان: ‹‹سىزلەرنىڭ ياخشىلىرىڭىز ئاياللارغا خوتۇنلىرىڭىزغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلىرىڭىزدۇر›› يەنە پەيغەمبىرىمىز: ‹‹ئاياللار خۇسۇسىدا ئاللاھدىن قورقۇڭ چۈنكى ئۇلارنى سىز ئاللاھدىن ئامانەت ئالغانسىز ›› دەيدۇ، ھەدىسلەردە كېلىشىچە پەيغەمبىرىمىز ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۇچراتسا سالام قىلاتتى يەنى ئۇلارغا سالام ئارقىلىق مېھرىبانلىق قىلاتتى،

2. ئاياللارنى ئۇرماسلىق، قۇرئانى كەرىمدە ئاللاھۇ ھەقسۇبھانى ۋەتەئالا: ‹‹ سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار .

ﷲ ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر بۈيۈكتۇر) ﷲ ئاياللارغا زۇلۇم قىلغانلارنى

ئازارلايدۇ».(سۈرە نىسا 34 ـ ئايەت) دەپ مەرھەمەت قىلغاندەك ئىنتائەتسىز ئايالنى تەربىيە ۋە ئاخىرقى چارە سۈپىتىدە ئاغرىتماستىن ئاستىراق ئۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلگەن، لېكىن پەيغەمبىرىمىز بولسا ئاياللىرىنى پەقەت ئۇرمىغان. ھەمدە ئۇلارنى ئۇرغانلارغا قارشى تۇرغان: «ئەرلەر گە نېمە بولدى؟ خوتۇنلىرىنى قۇل كەبى ئۇرىدۇ، يەنە كېچىسى ئۇلار بىلەن مۇلاقەتتە بولىدۇ» دېگەن مۇبارەك ھەدىس سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر،

شۇنىڭدەك ئاياللارغىمۇ ئەرلىرىگە ئازار بەرمەسلىك بۇيرۇلغان. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: «قايسى ئايال ئېرىگە ئازار بەرگەندە ئۇ كىشىنىڭ ھۆر جۈپتى ئۇ ئايالغا: «ئاللاھ جىنىڭنى ئالسۇن ئۇ كىشىگە ئازار بەرمە، چۈنكى شۇبھىسىز ئۇ سىنىڭ يېنىڭدا مېھمان ـ مۇساپىردۇر پات ئارىدا سەندىن ئايرىلىپ يېنىمىزغا قايتىپ كېلىدۇ» دەيدۇ»

3. ئىسلامدا ئاياللارنى باللارنى ئۆلتۈرۈش مەنئى قىلىنغان الله ھەقسۇبھانى ۋەتەئالا مەرھەمەت قىلىدۇ: «كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر»(سۈرە بەنى ئىسرائىل 31 ـ ئايەت) «ھاماقەتلىك ۋە نادانلىقلىرىدىن باللىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە الله نامىدىن يالغان ئېيتىپ الله رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى ئۇلار ھەقىقەتەن (توغرا يولدىن) ئاداشتى ھىدايەت تاپمىدى»(سۈرە ئەنئام 140 ـ ئايەت)




ئىسلام قانۇنىدا ھەتتا ئۇرۇش ۋاقتىدىمۇ ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆلتۈرۈش قاتتىق چەكلەنگەن،

پەيغەمبىرىمىز: ‹‹كىمكى ئىككى قىزنى ۋايىغا يەتكۈچە باقسا جەننەتتە مەن بىلەن بىرگە كىرىدۇ›› دەپ ئوتتۇرا ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى يانمۇ-يان قىلىپ كۆرسەتكەن.

4.ئاياللارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى. ئايال ۋە ئەر مۇسۇلمانلارغا ئىلىم ئۆگىنىش فەرزى ئەيندۇر قۇرئانى كىرىمدە ئاياللارغا خاس كەلگەن ئايىتى كەرىمدىن (مەسىلەن: ئەۋرەتلىرىنى يېپىش،بالا ئېمىتىش، ئىددەت ۋاقتى، تالاق توغرىسىدا.....دېگەنگە ئوخشاش) باشقا بارلىق ئايەتلەر ئاللاھنىڭ بەشەرىيەتكە ئەر-ئايالغا قىلغان ئورتاق خىتابىدۇر، شۇنداقلا ئىلىم ھەققىدىكى چاقىرىقلارمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئىسلامدا ئىماندىن كېيىن تۇرىدىغان مۇھىم فەرز —ئىلىم ئىلىشتۇر(فەرز بېجىرىلىشى شەرت دېگەنلىكتۇر)

جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە يەتكۈزگەن بىرىنچى ۋەھيى ھەم ‹‹ئوقۇ!›› بولغان. ئاللاھ بەندىسىنى تەپەككۇر قىلىپ تەبىئەتكە قاراپ تەھلىل بىلەن ئۆزىنى تونۇشنى خالايدۇ، قارىغۇلارچە تەقلىدى ئىمان كەلتۈرۈشنى ياقشى كۆرمەيدۇ.

پەيغەمبەرىمىز: «ئىلىم چىندا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار» دېگەن، ۋەھالەنكى ئەينى پەيتتە چىن (جۇڭگو) بۇتلار ۋە بۇتپەرەستلەر ماكانى ئىدى.لېكىن ئۇ زات ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلمىدى، چۈنكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان سان ـ ساناقسىز دەلىللەرنى ئەقىل بىلەن تونۇپ يەتكەن ئىنسان ئۇنىڭ ۋەھدانىيىتىگە ئىمان كەلتۈرگەچ، رەببىگە شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، ئەكسىچە ھەق تەلەبىدە بولىدۇ،

ھازىر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم دېگەندە، پەقەت دىنى ئىلىم تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇ خاتا ئىسلامدا «دىنى»، «دۇنياۋى» دېگەن گەپلەر يوق.ئىلىم  ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە ئايرىلغان خالاس:فىقھ، ھەدىس ، .تېبابەت، بىناكارلىق،ئاسترونومىيە،تارىخ، جۇغراپىيە ۋەھاكازا.مۇسۇلمانلار قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلغان ۋاقىتلىرىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىلىمنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە  دۇنياغا تونۇلغان ئالىملار يېتىشىپ چىققان.بۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ (ئۆزبېكىستاننىڭ )ۋەتەنداشلىرىمىز: ئەل ـ خارەزمى،ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا،ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، ئۇلۇغبەگ،ئەللامە زەمەخشەرى ۋە باشقا كۆپلەپ ئالىملارنى  كۆرسىتىشىمىزمۇمكىن،

5.ئاياللارنىڭ ھەقلىرى:پەيغەمبەرىمىز مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنىڭ زىممىسىدىكى ھەققى ياخشى تاماق ياخشى كىيىم بىلەن تەمىنلەشتۇر»

الله ھەقسۇبھانى ۋەتەئالا مەرھەمەت قىلىدۇ: « پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن) ئۇلارنىمۇ دۈشكەلىمىگىن ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن»(بەنى ئىسرائىل سۈرىسى 23 ـ ئايەت)

پەيغەمبەرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: كىمگە ئەڭ كۆپ ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدىكى سوئالغا ئۈچ قېتىم «ئاناڭغا» دەپ تەكرار جاۋاب بەرگەندىن كېيىن «ئاتاڭغا» دېگەن.



ئىسلامدا ئانا ياكى ئايال ھەققىدە ئېتىبار شۇ قەدەركى: ئانا مۇشرىك بولسىمۇ يۇقىرىقى ھەققىنى يوقاتمىغان بولىدۇ. پەقەت ئاتا ـ ئانا پەرزەنتىگە ياكى ئەر ئايالىغا ئىسلامدىن تاشقىرى يەنى ئىسلامغا زىت ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇسا ياكى شۇغۇللانسا ئۇ ھالدا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ. ئاللاھقا ئىسيان قىلغۇچىلارغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ بۇ ھەدىس شەرىفتە ئۇچۇق كۆرسىتىلگەن: ‹‹ئاللاھقا ئىسيان قىلغۇچىلارغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ››

# ئىسلامى ئائىلە پاراغىتى:

مۇسۇلمان ئايالغا خۇش خەۋەرلەر ئىنتايىن كۆپ: پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: ‹‹بىر ئايال ئۆز ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلسا، ۋە ۋەزىپىلىرىنى بېجىرسە ئۇنىڭغا شەھىدنىڭ ساۋابى بىلەن ئوخشاش ساۋاب يېزىلىدۇ››دېگەن

يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ باشقا بىر ھەدىس شەرىفلىرىدە: ‹‹ ئۆيۈ قىزنى شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن چىقارماي، تەربىيە قىلىپ قاتارغا قوشقان ئانا جەننەتتە مەن بىلەن بىرگە››دېيىلگەن.

ئاياللارنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن، ۋە شەرەپ تاجىنى كىيدۈرگەن ئىسلام دىنى. ئائىلە مەسلىسىگىمۇ جىددىي قارايدۇ. نەسلىنى پاكلاش، نەپسىنى يىغىش، جەمئىيەتنى تۈرلۈك ئەخلاقسىزلىقلاردىن، شەھۋانىي پائالىيەتلەردىن ئاسراش تىنچ ۋە پاراۋان ھاياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىسلامى تەربىيە ئەر ـ خوتۇن ۋە پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدا

چوڭقۇر مۇھەببەت مېھىر-شەپقەت رىشتىسىنى باغلاش ئاساسىغا قۇرۇلغان،

پەيغەمبىرىمىز: «ئۆيلىنىڭلار، كۆپىيىڭلار مەن ھەقىقەتەن باشقا پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا ئۈممىتىمنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىمەن،» دەيدۇ. يەنە بىر ھەدىس شەرىفىدە بىز گە شۇنداق ئەمىر قىلىدۇ؛ «كىمكى ئۆيلىنىشكە قادىر تۇرۇقلۇق ئۆيلەنمىسە ئۇ بىزدىن ئەمەس» مەدەنىيەت ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلار، دۇنيانىڭ راھىتىنى نەپسى ئىستەكلىرىنى مەبۇد دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلەر، ئۇنداق ئادەملەر بىر تەرەپتىن ھۇزۇر ھالاۋەتنى بۇزماسلىق، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا بايلىق توپلاش خىيالىدا ئائىلە قۇرۇشنى ئارتۇقچە دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنداق كىشىلەر كاشانىلەردە ياشايدۇ، خەلق ئارىسىدا بىئولوگى ھەققىدە گەپ ساتىدۇ. نوپۇسنى ئازايتىشنى باھانە قىلىپ ئائىلىگە قارشى چىقىدۇ. ھالبۇكى بۇ شەيتاننى لەئىنىنىڭ تەۋسىيىسىدۇر. دۇنيا نوپۇسى ھەر قانچە كۆپەيمىسۇن ئوزۇق يېمەك تۈگەپ كەتمەيدۇ. ياراتقان ئاللاھ رىزىق بېرىشكە ھەم قادىر. قۇرۇقلۇقتىكى ئوزۇقلۇق پۈتۈنلەي تۈگىگەن تەقدىردىمۇ، دېڭىزلاردىكى ئوزۇقلۇق ئىنسانىيەتنى بېقىشقا يېتەرلىك. بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا ئەللىرىدە نوپۇسنىڭ كۆپ قىسمىنى قېرىلار ئىگىلەپ كەتكەنلىكتىن ياشلار ئازىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئەندىشىگە چۈشكەنلىكى كۆزىتىلمەكتە بۈگۈن ئامېرىكىدا ھەر مىنۇتتا بىر جىنايەت سادىر بولماقتا. ھەر ئالتە مىنۇتتا بىر ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلىنىۋاتىدۇ. ياۋروپالىقلار ھەم ئەڭ كۆپ خەۋپسىرەيدىغان ھادىسە — باسقۇنچىلىقتۇر




ئىسلام ئائىلە مەسىلىسىگە جىددىي قارايدۇكى بىگانە ئەر ـ ئاياللىنىڭ ئامال بار ئۇچراشماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان نەسلى ۋە نەپسىنى ئاسراش بىلەن پۈتۈن دۇنيا لەززەتلىرىگە ھۇزۇر ھالاۋىتىگە ھەقلىق رەۋىشتە ئېرىشىدۇ.تۈرلۈك دىن ۋە قوۋملارنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىگە نەزەر سالساق ئايال ئىنسان قاتارىغا قوشۇلمىغانلىقىنى كۆرىمىز .

مەسىلەن ھىندىستاندا ئايال كىشى ھارام ۋە ئۇنىڭ پاكلىنىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىشىدۇ.ئىسلامدا بولسا ئايال سادىق دوست ۋە مېھرىبان رەپىقە، بىز جەننەتنى ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن ئىزدەيمىز، ئاياللىنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە ھەرىكەت قىلغىنىمىزدا ئۇنىڭغا قاتتىق ئازار بېرىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشىمىز

يىڭىدىن تۇرمۇش قۇرغان ياشلىرىمىز ئۆز ئائىلىلىرىنىڭ مۇستەھكەم، تىنچ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. سالىھ يىگىتىمىزگە سالىھە قىزنى ئىزدىگەنكەنمىز، ئۇنىڭ گۈزەللىكى، بايلىقى مەرتىۋىسى ئەمەس بەلكى تەقۋالىقىنى

ئەخلاقى ۋە تەربىيە كۆرگەن ئائىلىسىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز لازىم، كۆيئوغۇل تاللاشتا ھەم شۇ خۇسۇسىيەتلەرگە ئېتىبار قىلىشىمىز زۆرۈر. بىر دەملىك گۈزەللىك ،ئەبەدىي ھالاۋەتنى بۇزۇپ قويىدۇ.ئاخىرى ئاقىۋەتتە ئائىلە خارابلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز:«ھەدرايى دىماندىن يىراقلىشىڭ» دەپ ئەمر قىلغاندا ساھابىلەر «ھەدرايى دىمان»نىڭ مەنىسىنى سوراشتى.رەسۇلۇللاھ:«زالالەتتە قالغان گۈزەل ئايال» جاۋاب بەردى، ياخشى ئىسلامى تەربىيە ئالمىغان، مادىي گۈزەللىككە دەز كېتىدۇ. بىزدىن بىر يىگىت ياكى قىزنىڭ ئەخلاقى سورالسا ھەقىقەتنى ئېيتىش بۇرچىمىزدۇر.ھالبۇكى تۇغرا سۆزلىمەسلىك ھەقىقەتنى يوشۇرۇش.ئەھۋاللىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ كوياكى ئۇنىڭ بىلەن بىز ياخشىلىق قىلماقچى بولىمىز ، ھالبۇكى بۇ يالغانچىلىق، ھايات بىلەن ئوينىششتۇر، راستچىل كىشى بىلگىنىنى يوشۇرمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز:«سالىھە بىر ئايالغا ئۆيلەنگەن كىشى دىنى ۋەزىپىسىنىڭ يېرىمىنى ئادا قىلغان ھېسابلىنىدۇ، ئەمدى قالغان يېرىمىنى ھەم بېجىرسۇن» دەپ بۇيرۇدى.

زامانىمىزدا ئايرىم مۇسۇلمان ئائىلىلەر تويلۇق ۋە سەرپ خىراجەتلەرنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ تۇرمۇشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. رەسۇلۇللاھ:«نىكاھنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاددىي بولغىنىدۇر» دەپ مەرھەممەت قىلغان.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىمكى: بالاغەت يېشىغا يەتكەن ھەر بىر يىگىت-قىزنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشىغا ئاتا-ئانا جاۋابكاردۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى ھەزرىتى فاتىمە زەھرا (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) نىڭ تويلۇقى: كۆرپە، ياستۇق، كوزا، مەش، پىيالە، ئىككى كىيىم ۋە گىلەمدىن ئىبارەت بولغان.ئائىلە جابدۇقلىرى كېيىنچە ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاستا-ئاستا پەيدا قىلىش مۇمكىن.

دىنىمىز ئىبازىتىگە كۆرە نىكاھ مۇراسىمىدا ئۇزۇك تاقىلىش  ھەدىيىلەر بېرىلىشى توغرا، تويلىرىمىزدا زىياپەت بېرىش، ئاللاھقا شۈكرانە ئېيتىش كەبى  سۈننەت ئەمەللەر بىلەن بىر قاتاردا دىنىمىزدا بولمىغان تۈرلۈك ئادەتلەر بىلەن قوراشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈلمەكتە.

ئەرنىڭ ئايالى ئالدىدىكى ۋەزىپىسى يېگۈزمەك، كىيدۈرمەك، سالامەتلىكىنى ساقلىماق، ياشپاناھ بىلەن تەمىنلىمەك، كېلىشىپ دۆلەت ئىچى سىرتىنى ساياھەت قىلماق، نومۇسىنى ھىمايە قىلماق، ئايالىنى بىگانە كۆزدىن ئاسرىماق، ئايالىنىڭ ئېرى ئالدىدىكى بۇرچى بولسا ئىسلامدىن چېكىنمەسلىك شەرتى بىلەن ئىتائەتلىك بولماق، ھەتتا ئىبادەت قىلىشىدا ھەم رۇخسەت سورىماق،بىگانىلەر بىلەن سۆزلەشمەسلىك، باللىرىنى تەربىيە قىلماق، ۋە ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغدىماقتىن ئىبارەتتۇر،

غەربلىكلەرنىڭ ئايالغا بولغان مۇناسىۋىتى ئايالارغا ئەركىنلىك، بەخت ـ سائادەت بېرىش نىقابى ئاستىدا ئۇنى بىر ئوچۇم پۇلدارلار ۋە بۇزۇقلارنىڭ ئەرمىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويغىنى،خوجايىنلار ئايالنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان گۈزەللىكىدىن غەرەزلىك مەقسەتلىك ھالدا ئۆز مىلىنى ئېلان قىلىش  ئۈچۈن پايدىلىنىۋاتقىنى، ھەققىدە كۆپ يېزىش مۇمكىن، ئەركىنلىك، گۈزەل ھايات ۋەدە قىلىش باھانىسىدە ئايالارنىڭ فىترى مەشغۇلاتلىرىدىن، ئائىلە پاراغىتىدىن، پەرزەنت تەربىيىسىدىن مەھرۇم قىلىپ  ئەرلەر بېجىرىشكە ئېرىنىدىغان ئېغىر مۇشەققەتلىك مېھنەتلەرگە سېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ھەم كۆپلەپ مىسالالار كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئايالارنى بەختلىك قىلالمايمىز، يارىلانغان قەلبلەرگە تەسەللى بېرەلمەيمىز، ئاساسى گەپ: ئايالنى  ئەسلى ماكانى ئائىلە باغرىغا، پەرزەنتلىرى قۇچىقىغا، قايتۇرۇشتا، ئۇنىڭغا ئانىلىق بەختىنى، ئاياللىق مۇكەررەملىكىنى، ئۇنىڭ گۈزەللىك ۋە نازاكىتىنى، ھايا ۋە ئىپپىتىنى، قايتۇرۇپ بېرىشتە قالدى،

كىشىنى سىناشقا بىر ئان كۆرسە بەس،

سۆيەمسەن؟ سۆيمەمسەن دەپلا سورىسا بەس،

كىشى مىس ئالتۇننى پەرق ئېتەلمىسە،

ئېلىپ ئازغىنا سىر تاشقا سۈرسە بەس،

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

ئىشقى جان مۈلكىدە سۇلتان ئىرۇر،

شاھۇ-گادا ئۇنىڭغا چۇ يەكسان ئىرۇر،

**جۇرابېك**

گۈل يۈز يار ھېچ كىمگە نېسىپ ئەتمەس ئىكەن،

تا ئۇنىڭ دىلىغا سانجىلماي تىكەن

اَللَّهُمَّ اجْعَلْ فِي قَلْبِي نُوراً وَفِي بَصَرِي نُوراً وَفِي
سَمْعِي نُوراً وَعَنْ يَمِينِي نُوراً وَعَنْ يَسَارِي نُوراً وَفَوْقِي
نُوراً وَتَحْتِي نُوراً وَاَمَامِي نُوراً وَخَلْفِي نُوراً وَاجْعَلْ لِي
نُوراً وَفِي رِوَايَةٍ عَصَبِي وَلَحْمِي وَدَمِي وَشَعْرِي وَبَشَرِي
كَانَ يَقُولُهُ فِي دُعَائِهِ.

اَللَّهُمَّ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ
حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

اَللّٰهُمَّ بِعِلْمِكَ الْغَيْبِ وَقُدْرَتِكَ عَلَى الْخَلْقِ أَحْيِنِي
مَا عَلِمْتَ الْحَيَاةَ خَيْراً لِي وَتَوَفَّنِي اِذَا عَلِمْتَ الْوَفَاةَ خَيْراً
لِي اَللّٰهُمَّ وَاَسْاَلُكَ خَشْيَتَكَ فِي الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ وَاَسْاَلُكَ
كَلِمَةَ الْاِخْلاَصِ فِي الرِّضَاءِ وَالْغَضَبِ وَاَسْاَلُكَ الْعَقْدَ
فِي الْفَقْرِ وَالْغِنَى وَأَسْاَلُكَ نَعِيماً لاَيَنْفَدُ وَاَسْاَلُكَ قُرَّةَ عَيْنٍ
لاَتَنْقَطِعُ وَأَسْاَلُكَ الرِّضَا بِالْقَضَاءِ وَاَسْاَلُكَ بَرْدَ الْعَيْشِ
بَعْدَ الْمَوْتِ وَاَسْاَلُكَ لَذَّةَ النَّظَرِ اِلَى وَجْهِكَ وَالشَّوْقَ اِلَى
لِقَائِكَ غَيْرَ ضَرَّاءِ مُضِرَّةٍ وَلاَفِتْنَةٍ مُضِلَّةٍ اَللّٰهُمَّ زَيِّنَّا بِزِينَةِ
الْاِيمَانِ وَاجْعَلْنَا هُدَاةً مُهْتَدِينَ

لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ
وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ اَللّٰهُمَّ لاَ مَانِعَ لِمَا اَعْطَيْتَ
وَلاَ مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ وَلاَ يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ

ئىشلىگۈچى: باھانكىر786

ئۆزبېك تۇردىس ئىلىندى